كۆرەش قىلىش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، كۆرەش قىلىش ماھارىتىنى كۈچەيتىپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قەيسەرلىك بىلەن كۆرەش قىلىش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن خىزمىتى، دىپلوماتىيە خىزمىتى، پارتىيە قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەرنىڭ ھەممىسىدە بولىدۇ، يەنە كېلىپ بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىدۇ. رەھبىرىي كادىرلاردا ئوت - چۆپنىڭ يەلپۈنۈپ يوپۇرماقنىڭ شىلدىرلىشىدىن بۇغىنىڭ ئۆتكەنلىكىنى بىلىش، قارىغايلىقتا شامالنىڭ چىقىشىدىن يولۋاسنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىش، بىر يوپۇرماقنىڭ سارغايغانلىقىدىن جاھاندا كۈز بولغانلىقىنى بىلىشتەك ئىشنىڭ بىخ ھالىتىدىنلا ئۇنىڭ ماھىيىتى ۋە تەرەققىيات يۆزلىنىشىنى بىلىش قابىلىيىتى بولۇشى، يوشۇرۇن خەۋپ - خەتەرگە قارىتا ئىلمىي ئالدىن ھۆكۈم چىقىرىپ، خەۋپ - خەتەرنىڭ نەدىلىكىنى، ئىپادىلىنىش شەكلىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى، تەرەققىيات يۆزلىنىشىنىڭ قانداقلىقىنى بىلىپ، كۆرەش قىلىشقا تېگىشلىك بولسا كۆرەش قىلىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: كۆرەش قىلىش بىر خىل سەنئەت، كۆرەش قىلىشقا ماھىر بولۇش كېرەك. تۈرلۈك مۇھىم، زور كۆرەشلەردە، بىز خەۋپ - خەتەر ئېڭىنى كۈچەيتىش بىلەن ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاشنىڭ ئۆزئارا بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇشىمىز، ئىستراتېگىيەلىك ھۆكۈم چىقىرىش بىلەن تاكتىكىدا كەسكىن بولۇشنىڭ ئۆزئارا بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇشىمىز، كۆرەش قىلىش جەريانى بىلەن كۆرەش قىلىش ئەمەلىي ئۈنۈمىنىڭ ئۆزئارا بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. رەھبىرىي كادىرلار مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى، مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشى، چاقىرغان ھامان كېلىدىغان، كەلگەن ھامان ئۇرۇش قىلالايدىغان، ئۇرۇشتا چوقۇم غەلىبە قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: تاكتىكا، ئۇسۇلغا ئەھمىيەت بېرىش، كۆرەش قىلىش سەنئىتىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئاساسلىق زىددىيەتنى تۇتۇپ، زىددىيەتنىڭ ئاساسلىق تەرىپىنى تۇتۇپ، داۋاملىق، پايدىلىق، رىتىملىق بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، كۆرەش قىلىش شەكلىنى مۇۋاپىق تاللاپ، كۆرەش قىلىش دەرىجىسىنى ئىگىلەپ، پرىنسىپلىق مەسىلىدە قىلچە يول قويماي، تاكتىكا مەسىلىسىدە جانلىق، ھەرىكەتچان بولۇش كېرەك. ۋەزىيەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ۋاقىت، ئۆلچەم، ئۈنۈمنى ئىگىلەپ، كۆرەش تاكتىكىسىنى ۋاقتىدا تەڭشەش كېرەك. ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغانلىكى بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى قوزغاپ، كۆرەش قىلىش جەريانىدا ئىتتىپاقلىقنى قولغا كەلتۈرۈپ، كۆرەش قىلىش جەريانىدا ھەمكارلىقنى كۆزلەپ، كۆرەش قىلىش جەريانىدا ئورتاق غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: كۆرەش قىلىش روھى، كۆرەش قىلىش ماھارىتى تۇغما بولمايدۇ. رەھبىرىي كادىرلار قاتتىق بولغان ئىدىيەدە تاۋلىنىش، سىياسىيدا چېنىقىش، ئەمەلىيەتتە چېنىقىشقا بەرداشلىق بېرىشى، مۇرەككەپ، كەسكىن كۆرەشتە بوران - چاپقۇنلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، كۆرمىگەننى كۆرۈپ، بىلىمنى رۇسلاپ، ھەقىقىي تاۋلىنىپ، ھەقىقىي خىسلىتىنى ساقلىيالايدىغان بولۇشى كېرەك. پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسىنى چۈشىنىپ ئۆگىنىپ، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر، ئۇسۇلنى ئىگىلەپ، كۆرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىش، كۆرەش قىلىشقا ماھىر بولۇشنىڭ ئىدىيەۋى ئاساسىنى پۇختىلىشى كېرەك، نەزەرىيەدە سەگەك بولغاندىلا، سىياسىيدا ئاندىن قەتئىي بولغىلى بولىدۇ، كۆرەش قىلغاندا ئاندىن جاسارەت بولىدۇ، ئاندىن كۈچ بولىدۇ. مۇھىم، زور كۆرەشلەردە چېنىقىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك، قىيىنچىلىق قانچىكى زور، زىددىيەت قانچىكى كۆپ جايدا، ۋەزىيەت قانچىكى كەسكىن، ئەھۋال قانچىكى مۇرەككەپ بولغان ۋاقىتتا، جاسارەتنى شۇنچە ئۇرغۇتۇپ، ئىرادىنى شۇنچە چىنىقتۇرۇپ، قابىلىيەتنى شۇنچە ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. رەھبىرىي كادىرلار تۈرلۈك كۆرەشلەرگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاتلىنىپ، زور ھەق - زور ناھەق ئالدىدا داددىللىق بىلەن ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرۈشى، زىددىيەت - توقۇنۇش ئالدىدا داددىللىق بىلەن قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ئالغا ئىلگىرىلىشى، كرىزىس، قىيىنچىلىق ئالدىدا داددىللىق بىلەن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىشى، ناتوغرا ئىستىل ۋە ناچار كەيپىيات ئالدىدا داددىللىق بىلەن قەتئىي كۆرەش قىلىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جەمئىيەت زىددىيەت ھەرىكىتى داۋامىدا ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ، زىددىيەت بولىدىكەن كۆرەش بولىدۇ. رەھبىرىي كادىرلار مەيلى قايسى ئىش ئورنىدا بولسۇن، قانداق ۋەزىپە ئۆتىسۇن، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشى، ھەم قوماندان، ھەم جەڭچى بولۇشى، قەيسەرلىك بىلەن كۆرەش قىلىش روھى، ئېگىلمەس - سۇنماس كۆرەش قىلىش ئىرادىسى، يۇقىرى كۆرەش قىلىش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈشى ۋە ساقلىشى كېرەك. بىز خىزمەت جەريانىدا دۇچ كېلىدىغان كۆرەش كۆپ تەرەپلىك بولىدۇ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق، ئىچكى ئىشلار، دىپلوماتىيە، دۆلەت مۇداپىئەسى، پارتىيەنى ئىدارە قىلىش، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ئارمىيەنى ئىدارە قىلىشنىڭ ھەممىسىدە كۆرەش قىلىش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇشقا، كۆرەش قىلىش ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش، ماركسىزمنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى يېتەكچىلىك ئورنىدا چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، پۇل مۇئامىلە ساھەسىدىكى يوشۇرۇن خەۋپنى تۈگىتىش، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى تۈزەش، زور تەبىئىي ئاپەتلەرگە تاقابىل تۇرۇش، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، ئاممىۋى ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، قارا، رەزىل كۈچلەرگە زەربە بېرىش، دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە كۆرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىش، كۆرەش قىلىشقا ماھىر بولۇش كېرەك. رەھبىرىي كادىرلار داددىللىق بىلەن كۆرەش قىلىدىغان، ماھىرلىق بىلەن كۆرەش قىلىدىغان جەڭچىلەردىن بولۇشى كېرەك.

چېن شى كۇرسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى توپ ۋەزىپە، بارلىق خىزمەتنىڭ باش تېمىسى، ئاساسىي لىنىيەسى قىلىپ، ئاڭلىق ھالدا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆگىنىپ، ۋاقتىدا يېتىشىپ ئۆگىنىپ، ئەمەلىيەتكە باغلاپ ئۆگىنىپ، ئىشىنىش ۋە ئەمەلىيەت جەريانىدا قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان سىياسىي خىسلىتىنى تاۋلاپ، كۆرەش قىلىش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، كۆرەش قىلىش ماھارىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئەسلى مەقسەت ۋە بۇرچنى ئۆز خىزمەت ئورنىدا، ھەربىر سۆز - ھەرىكىتىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇش كېرەك.

دىڭ شۆشياڭ، خۇاڭ كۇنمىڭ كۇرسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

2019 - يىلى كۈز مەۋسۇملۇق مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپى(دۆلەت مەمۇرىيەت شۆيۈەنى)نىڭ ئوتتۇرا، ياش كادىرلارنى تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ كۇرسانتلىرى كۇرسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى، مەركەزنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار كۇرسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا سىرتتىن قاتناشتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

جەزمەن نۇرغۇن يېڭى تارىخىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇلۇغ كۆرەشلەرنى ئېلىپ بېرىشى كېرەك. «پاراخوت ئوتتۇرا ئېقىنغا بارغاندا دولقۇن تېخىمۇ كۈچىيىدۇ، ئادەم تاغنىڭ بېلىگە بارغاندا يول تېخىمۇ تىكلىشىدۇ». ئىلگىرىلەش يولىدا بىز دۇچ كېلىدىغان خەۋپ - خەتەر، سىناقلار بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىدۇ، ھەتتا تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەھشەتلىك دولقۇنغا دۇچ كېلىمىز. بىز دۇچ كەلگەن تۈرلۈك كۆرەش قىسقا مۇددەتلىك بولماستىن، بەلكى ئۇزاق مۇددەتلىك، ھېچبولمىغاندا بىزنىڭ ئىككىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىزنىڭ بارلىق جەريانىغا ھەمراھ بولىدۇ. ماركس مۇنداق دېگەن: «ئەگەر كۆرەشنى پەقەت ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق بولغان مۇۋەپپەقىيەت پۇرسىتى شارائىتىدىلا قول سېلىپ ئېلىپ بارغاندا، ئۇنداقتا دۇنيا تارىخىنى يارىتىش تولىمۇ ئاسان بولۇپ قالامدۇ.» بىز خەۋپ - خەتەردىن قورقمايمىز، قورقۇش توغرا كەلسە، خاتىرجەم كۈنلەرنىڭ ئۆزىراپ كېتىشىدىن، كۆرەش قىلىش ئىرادىمىزنىڭ كەمچىل بولۇشىدىن، دۈشمەن ئەھۋالىنى بىلەلمەسلىك، ھەق - ناھەقنى ئېنىق ئايرىيالماسلىق، يۆنىلىشنى ئېنىق پەرقلەندۈرەلمەسلىكتىن قورقىمىز. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، كۆرەش قىلىش روھى يېتەرسىز بولسا، كۆرەش قىلىش ماھارىتى كۈچلۈك بولمىسا، پارتىيەمىز بېكىتكەن نىشان - ۋەزىپىلەرنى غەلىبىلىك ئىشقا ئاشۇرالمايمىز.

دەل شۇنداق بولغاچقا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى قايتا - قايتا تەكىتلىدى: پۈتۈن پارتىيە نۇرغۇن يېڭى تارىخىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇلۇغ كۆرەشلەرنى ئېلىپ بېرىشقا تەييارلىق كۆرۈپ، بۇ مەيدان ئۇلۇغ كۆرەشلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى، مۇرەككەپلىكى، مۈشكۈللۈكىنى تولۇق تونۇپ، كۆرەش قىلىش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، كۆرەش قىلىش ماھارىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلۇغ كۆرەشلەرنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى ئۈزلۈكسىز قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيەمىز غايەت زور سىياسىي جاسارەت ۋە كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق، داددىللىق بىلەن «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، «تۆت ئومۇميۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ماس ئالغا سىلجىتىپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۆرەشنى قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىغا تۈرتكە بولۇپ، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيەنىڭ قايتا قۇرۇش خاراكتېرلىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىغا تۈرتكە بولۇپ، يەر - جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان كۈچ بىلەن چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۆرىشىنى قانات يايدۇرۇپ، جۇڭگوچە چوڭ دۆلەت دىپلوماتىيەسىنى ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىدا ھەر تەرەپلىمە، ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، چوڭقۇر قاتلاملىق، تۈپ خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى. بۇ خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسىدە كۆرەش قىلىش روھى بولۇشى كېرەك، دەل كۆرەش قىلىش روھى ئۈزلۈكسىز ئەۋج ئالدۇرۇلغاچقىلا، يېڭى دەۋردىكى تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلەر، تارىخىي ئۆزگىرىشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

ھازىر، كادىرلار قوشۇنىمىز ئومۇمىي جەھەتتىن ياخشى، لېكىن شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، «تۆت چوڭ سىناق» «تۆت خىل خەۋپ» ئالدىدا، بەزى كادىرلار، بولۇپمۇ ياش كادىرلاردا كۆرەش قىلىش روھى يېتەرلىك بولماسلىق، كۆرەش قىلىش ماھارىتى كۈچلۈك بولماسلىق مەسىلىسى يەنىلا مەۋجۇت. بەزىلىرىدە سۆڭەك يۇمشاقلىشىش كېسىلى بولۇپ، كۆرەش قىلىشنى خالىمايدۇ؛ بەزىلىرىدە قورقۇش كېسىلى بولۇپ، كۆرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ؛ بەزىلىرىدە ئىقتىدارسىزلىق كېسىلى بولۇپ، كۆرەش قىلىشنى بىلمەيدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىز چوقۇم مەركەزلىك ياخشى ھەل قىلىدىغان مەسىلىلەر. بۇنىڭ ئىچىدە، ئالدى بىلەن كۆرەش قىلىش ئىرادىسىنى چىڭىتىش كېرەك. تارىخىي تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، بىر پارتىيە، بىر دۆلەت، بىر قوشۇن كۆرەش قىلىش ئىرادىسىنى يوقاتسا، بۇ ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بولۇپ، ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغان بولىدۇ. كۆرەش قىلىش ئىرادىسىنى چىڭىتىش ئۇرۇشقا خۇمار بولۇش ئەمەس، بەلكى كەسكىن ۋەزىيەت ۋە كۆرەش قىلىش ۋەزىپىسى ئالدىمىزغا قويۇلغاندا، سۆڭىكىمىز قاتتىق بولۇشى، قورقۇنچاق بولماسلىقىمىز، قاچقۇن ئەسكەر بولماسلىقىمىز، ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلىشىمىز، جەڭ قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ غەلىبە قىلىشىمىز، زور ھەق - زور ناھەق ئالدىدا داددىللىق بىلەن ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرۈشىمىز، زىددىيەت - توقۇنۇش ئالدىدا داددىللىق بىلەن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز، كرىزىس، قىيىنچىلىق ئالدىدا داددىللىق بىلەن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىشىمىز، ناتوغرا ئىستىل ۋە ناچار كەيپىيات ئالدىدا داددىللىق بىلەن قەتئىي كۆرەش قىلىشىمىز كېرەك.

«چوڭ ئىش، قىيىن ئىشلاردا مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشقا قاراش، ئوڭۇشسىز - ئوڭۇشلۇق شارائىتتا كۆڭلى - كۆكسىگە قاراش كېرەك.» قەيسەر كۆرەش قىلىش روھى، مۇستەھكەم كۆرەش قىلىش ئىرادىسى، ئۈستۈن كۆرەش قىلىش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈپ ۋە ساقلاپ، مۇھىم، زور كۆرەشلەردە بوران - چاپقۇنلارنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، كۆرمىگەننى كۆرۈپ، بوران - چاپقۇنلاردا قابىلىيەتنى ئۆستۈرۈپ، بەلنى رۇسلىغاندىلا، بىز ئاندىن يېڭى ئۇلۇغ كۆرەشلەردە ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ يېتىلىپ، بۈگۈنكى كۆرەش ئارقىلىق ئەتىكى شان - شەرەپنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايمىز!

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تېلېگراممىسى)

ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بۆلۈم ئىشلىرى كومىتېتى «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى بويىچە مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئاچتى

ئەسلى مەقسەت - بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، تەشۋىقات - ئىدىيە خىزمىتىنىڭ يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىنى تىرىشىپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك

مۇخبىرىمىز **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بۆلۈم ئىشلىرى كومىتېتى «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى بويىچە مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «تۆتكە سېلىشتۇرۇش» «تۆتنى تېپىش» توغرىسىدىكى تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىپ، ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش جاسارىتى بىلەن ھاسىلاتنى ئىبدىتلاپ، مەسىلىنى تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ، چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بۆلۈم ئىشلىرى يىغىنى بەنزىسىنىڭ ئەسلى مەقسەت - بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىپ، ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى تيەن ۋېن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم خۇلاسە سۆز قىلدى.

يىغىندا، بۆلۈم بەنزىسى ۋە بەنزە ئەزالىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەنى چىڭ ئىگىلەپ، دىققەتنى ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشتىن ئىبارەت بۇ باش تېمىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرمۇبىر تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ، تەھلىل قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، يۆنىلىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، كۈچنى مۇجەسسەملەش مەقسىتىگە يەتتى.

تيەن ۋېن مۇنداق تەلەپ قىلدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باشلامچىلىق بىلەن سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، باشلامچىلىق بىلەن نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى ياخشى تۇتۇپ، باشلامچىلىق بىلەن تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، باشلامچىلىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، باشلامچىلىق بىلەن ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك تەشۋىقات - ئىدىيە خىزمەتلىرىنىڭ يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىنى تىرىشىپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى 1 - سەييارە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى يىغىنغا قاتنىشىپ يېتەكچىلىك قىلدى ھەم باھا بەردى.

(بېشى 1 - بەتتە)

چوقۇم باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنى يېتەكچى قىلىپ، كۆرەش ئىرادىمىزنى چىڭىتىپ، كۆرەش قىلىش ماھارىتىمىزنى ئۆستۈرۈپ، مۇرەككەپ، كەسكىن كۆرەشتە بوران - چاپقۇنلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، كۆرمىگەننى كۆرۈپ، بىلىمىزنى رۇسلاپ، كۆرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان، كۆرەش قىلىشقا ماھىر جەڭچى بولىمىز، «پەي - قانات»نى ئاسرايدىغان ئىپسىزادىلەردىن بولمايمىز.

«باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆرەش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، كۆرەش قىلىش ماھارىتىنى كۈچەيتىشنى كۆپ قېتىم تەكىتلىگەن. بۇ قېتىمقى ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلارنى تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا يەنە مەخسۇس تەكىتلىدى، مەخسۇس تېمىدا بايان قىلدى، بۇ ھەم كەڭ ياش كادىرلارغا بېرىلگەن سەممىي تەلىم - تەربىيە، ھەم بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنى قايتا سەپەرۋەر قىلغانلىق، قايتا چاقىرىق قىلغانلىق.» شەرقىي شىمالدىن كەلگەن بىر كۇرسانت مۇنداق دېدى: ھازىر بەزى ياش كادىرلار ئوڭۇشلۇق شارائىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەن، بوران - چاپقۇننى باشتىن كەچۈرمىگەن بولۇپ، چوقۇم باش شۇجىنىڭ تەلىپى بويىچە، ئامما ئارىسىغا بېرىپ، ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ، بوران - چاپقۇنلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، كۆرمىگەننى كۆرۈپ، ئىرادىسىنى چىنىقتۇرۇپ، قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ، كۆرەش قىلىش ماھارىتىنى كۈچەيتىپ، چېنىقىشتا ھەقىقىي تاۋلىنىپ، ھەقىقىي خىسلىتىنى ساقلىيالايدىغان بولۇشى كېرەك.

بىز دۇچ كەلگەن ۋەزىيەتنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ھەرگىزمۇ ئاسانلا داقا - دۇمباق چېلىپلا ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ، ئۇلۇغ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا جەزمەن ئۇلۇغ كۆرەش قىلىش كېرەك. ئىلگىرىلەش يولىدا بىز دۇچ كېلىدىغان خەۋپ - خەتەر، سىناقلار بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىدۇ، ھەتتا تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەھشەتلىك دولقۇنغا دۇچ كېلىمىز.

«كەسكىن ۋەزىيەت ۋە كۆرەش قىلىش ۋەزىپىسى ئالدىمىزغا قويۇلغاندا، جاسارەتلىك بولۇشىمىز، داددىللىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈشىمىز، قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىپ غەلىبە قىلالايدىغان بولۇشىمىز كېرەك.» ئالىي مەكتەپتىن كەلگەن بىر كۇرسانت مۇنداق دېدى: «قانداق ئادەم تەربىيەلەش، ئادەمنى قانداق تەربىيەلەش، كىم ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ مەسىلىدە بىز قىلچە بىپەرۋالىق قىلساق ۋە يول قويساق بولمايدۇ، بايرىقىمىز روشەن ھالدا تۈرلۈك خاتا ئىدىيەلەرگە قارشى كۆرەش قىلىشىمىز كېرەك. ياش كادىرلار كۆرەش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، كۆرەش قىلىش ماھارىتىنى كۈچەيتىشتە، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئىدىيەۋى ئاساستا ئىگە بولۇشى كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى بارلىق ھەرىكەتنىڭ تۈپ كۆرسەتمىسى قىلىپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسىنىڭ قەتئىي ئېتىقادچىلىرىدىن، سادىق ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگۈچىلىرىدىن بولۇشىمىز كېرەك».

كۆرەش قىلىش روھى بىلەن كۆرەش قىلىش ماھارىتى ھەرگىزمۇ پارتىيە ئىستاژىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ تەبىئىي ئۆسۈپ قالمايدۇ.

بېيجىڭدىن كەلگەن بىر كۇرسانت چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولغان ھالدا مۇنداق دېدى: ھازىرقى ياش كادىرلار تىنچ دەۋردە ئۆسۈپ يېتىلگەن، بىلىم دائىرىسى كەڭ، ئۇنىۋېرسال ساپاسى يۇقىرى بولۇش قاتارلىق ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە، لېكىن چېنىقىشى يېتەرلىك بولماسلىق، ئىقتىدارى يېتەرلىك بولماسلىق قاتارلىق كەمتۈكلۈكلىرىمۇ بار، نۇرغۇن دەرسنى تولۇقلىشىغا توغرا كېلىدۇ. بىز يېڭى دەۋردىكى ئۇلۇغ كۆرەشتە ئۆزىمىزنىڭ خىسلىتىنى ئۈزلۈكسىز چېنىقتۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىرادىسىنى چىڭىتىپ، تەۋرەنمەيدىغان، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالىدىغان كۆرەش قىلىش روھىنى يېتىلدۈرۈپ، دەۋر يۈكلىگەن ئېغىر ۋەزىپىنى جاسارەت بىلەن زىممىمىزگە ئېلىشىمىز كېرەك.

«مەن نېفىتلىكتىن كەلگەن كادىر، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، بىز دەل ‹مىسلىسىز جۈرئەت بىلەن يېڭى بىر دۇنيا يارىتىش›تەك كۆرەش قىلىش روھىغا تايىنىپ دۆلىتىمىزنىڭ ‹نېفىت كەمچىل دۆلەت›لىك قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلىدۇق.» نېفىت ساھەسىدىكى بۇ كۇرسانت مۇنداق دېدى: نۆۋەتتە مەركەز كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ئىلگىرىلىمىسە چېكىنىدىغان ئاچقۇچلۇق پەيتكە كەلدى، يېڭى مەزگىلدە كۆرەش قىلىش روھىنى داۋاملىق ئەۋج ئالدۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشقا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك.

قانداق قىلغاندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تەلىپى بويىچە كۆرەش قىلىش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، كۆرەش قىلىش ماھارىتىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ؟

مەركەز دۆلەت ئورگىنىدىن كەلگەن بىر كۇرسانت مۇنداق دېدى: مەركەز دۆلەت ئورگانلىرى ئالدى بىلەن سىياسىي ئورگان. مەركەز دۆلەت ئورگىنىدىكى بىر پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، غايە - ئېتىقادىمنى چىڭىتىپ، پارتىيەۋىلىك جەھەتتە تەربىيەلىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خەلققە بولغان مۇھەببىتىمنى كۈچەيتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممەمگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈمگە ئېلىپ، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىپ، چاقىرغان ھامان كېلەلەيدىغان، كەلگەن ھامان ئۇرۇش قىلالايدىغان، ئۇرۇشتا چوقۇم غەلىبە قىلالايدىغان بولىمەن. مەسىلىگە يولۇققاندا ئەگىپ ئۆتمەي، باشقىلارغا ئىتتىرىپ قويماي، قورۇق تالاش - تارتىش قىلماي، مەسئۇلىيەتنى داددىل زىممەمگە ئېلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، چاكار بولۇشقا رازى بولۇشتەك ئۆزىنى بېغىشلاش روھىغا ئىگە بولىمەن.

دېڭىز بويىدىكى رايوندىن كەلگەن بىر كۇرسانت مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئاساسىي قاتلامدىكى ئەمەلىي خىزمەتتە دائىم ھەر خىل قىيىنچىلىق، خىرىسلارغا دۇچ كېلىمىز. قىيىن مەسىلىگە يولۇققاندا ئۆزىنى قاچۇرۇپ مېڭىش كېرەكمۇ ياكى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىلگىرىلەپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈش كېرەكمۇ؟ كىچىك مەسىلىنى سۆرەپ چوڭايتىۋەتسەك، چوڭ مەسىلىنى سۆرەپ تىزگىنلىگۈسىز قىلىۋەتسەك بولمايدۇ، قول تىقىدىغان مەسىلىلەرگە كۆپرەك تۇتۇش قىلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن تۈرلۈك كۆرەشلەرگە ئاتلىنىپ، زور ھەق - زور ناھەق ئالدىدا داددىللىق بىلەن ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ، زىددىيەت، توقۇنۇش ئالدىدا داددىللىق بىلەن قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، كرىزىس، قىيىنچىلىق ئالدىدا داددىللىق بىلەن كۆكرەك كېرىپ ئالدىغا چىقىپ، ناتوغرا ئىستىل، ناچار كەيپىيات ئالدىدا داددىللىق بىلەن قەتئىي كۆرەش قىلىپ، ئەمەلىي كۆرەشلەر ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تېلېگراممىسى)

ئۇقتۇرۇش

«گوۋۇيۈەن نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسىنىڭ ‹2019 - يىللىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش، چارلاپ تەكشۈرۈش خىزمىتى لايىھەسى›نى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» (گوۋۇيۈەن نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش ئىشخانىسى تارقاتقان [2019] 99 - نومۇرلۇق)دىكى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسەن، گوۋۇيۈەن نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى شىنجاڭغا بېرىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى نەق مەيداندا نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرىدۇ. 2019 - يىلى 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە ھەر كۈنى 10:00 — 14:00كىچە، 16:00 — 20:00گىچە پاش قىلىشنى قوبۇل قىلىدۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش نازارەت قىلىش، پاش قىلىش تېلېفونى 12317.

ئالاھىدە ئۇقتۇرۇش قىلىندى.